# 6090 ـ بەدەننىڭ رۇھ بىلەن بولغان ئالاقىسى

**سۇئال**

سوئال: ئىسلامدا روھنىڭ بەدەن بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تەپسىرلەمدۇ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

بۇ ھەقتە ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن: روھنىڭ بەدەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەش تۈرلۈك بولىدۇ:

1. روھنىڭ بەدەن بىلەن ئانا قورسىقىدىكى ۋاقتىدىكى ئالاقىسى.

2. روھنىڭ بەدەن بىلەن زېمىنگە چىققان ۋاقتىتىكى ئالاقىسى.

3. روھنىڭ بەدەن بىلەن ئۇيقۇ ھالىتىدىكى ئالاقىسى. بۇ ھالەتتە ئۇ بىر تەرەپتىن بەدەن بىلەن ئالاقىدار بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئالاقىسىز بولىدۇ.

4. روھنىڭ بەدەن بىلەن بەرزەخ ھاياتىدىكى ئالاقىسى بولۇپ، گەرچە روھ بەدەندىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ پۈتۈنلەي ئادا ـ جۇدا بولۇپ كەتمەيدۇ.

5. روھنىڭ بەدەن بىلەن قىيامەت كۈنى تىرىلگەن ۋاقىتتىكى ئالاقىسى بولۇپ، بۇ ئەڭ كامىل ئالاقىدۇر. چۈنكى بۇ ۋاقىتتىكى روھ بىلەن بەدەننىڭ ئالاقىسى ئۆلۈم ياكى ئۇيقۇ ۋە ياكى بۇزۇلۇشنى قوبۇل قىلمايدىغان مەڭگۈلۈك ئالاقىدۇر.

ئۇخلىغان ئادەمنىڭ جېنى ھايات بولسىمۇ بۇ ئويغاق ۋاقىتتىكى ھاياتقا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ قېرىندىشى دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆلۈكمۇ ئۇنىڭ جېنى بەدىنىگە قايتۇرۇلسىمۇ ئۇنىڭ ھاياتى تىرىكلىك بىلەن ئۆلۈكلۈك ئوتتۇرىسىدىكى بىر ھاياتتۇر. جېنى بەدىنىگە قايتۇرۇلمىغان ئۆلۈكنىڭ ھالى ئۆلۈك بىلەن تىرىكلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۇخلىغان كىشىنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. بۇنى ئويلىسىڭىز كۆپلىگەن مۈشكىلىلىرىڭىز ھەل بولىدۇ.